مۇز تاغقا كەلگەن «يېڭى مېھمان»لار

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ جۈنكەي، گاۋ خەن**

«ئامىر، ئاتالان!» بۇ 50 نەچچە يىل بۇرۇنقى قالتىس فىلىم «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان»دىكى بىر جۈملە قالتىس سەھنە سۆزى. كىنودا، ياڭ پەيجاڭ چېگرا رايون جەڭچىسى ئامىرنى باتۇرلۇق بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر دەل مۇشۇ فىلىم سەۋەبىدىن ھېكايە يۈزبەرگەن جاي — شىنجاڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنى بىرىنچى قېتىم بىلگەنىدى.

پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىي ئېتىكىگە جايلاشقان تاشقورغاننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 4000 مېتىردىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئېگىزلىك، قاتتىق سوغۇق رايون، چېگرا بىر گەۋدىلەشكەن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىردىنبىر تاجىك مىللىتى ئاپتونوم ناھىيەسى، شۇنداقلا شىنجاڭدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز ناھىيە.

قاتناش چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، تاجىك مىللىتى نوپۇسى %81كە يېقىننى ئىگىلەيدىغان ئېگىزلىكتىكى بۇ كىچىك ناھىيەدە، ئىلگىرى سىرتتىن كەلگەن مېھمانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى كۆپ باشقا يەرلىكلەر بۇ يەرگە كېلىپ، «ئامىر»غا ئوخشاش شۇ جاينىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن «ئاتلىنىپ»، مۇز تاغقا كەلگەن «يېڭى مېھمان» بولۇپ قالدى.

مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار:
قارلىق تاغ ئېتىكىگە دېڭىزنى كۆرۈش
ئارزۇسىنىڭ ئۇرۇقىنى چاچتى

دېڭىز بويىدا 30 يىل ياشىغان، سەنيادىن كەلگەن جوۋ بىڭچيەن تاشقورغاندا بىرىنچى قېتىم قارنى كۆرگەندە ھاياجانلانغانلىقىدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالغانىكەن.

جوۋ بىڭچيەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى شەھەر - يېزا ياتاقلىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى مائارىپقا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىسى. 2011 - يىلى، سەنيادىكى چوڭ - كىچىك دۇڭتيەن مەنزىرە رايونى تاشقورغاندا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىنتايىن كەمچىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تاشقورغانغا مائارىپقا ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتتى. ھەر مەۋسۇمدە بىر تۈركۈمدىن، ھازىرغىچە تەخمىنەن 50 ئىشچى - خىزمەتچى جۇڭگونىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكىدىن بۇ «ئەڭ غەربىدىكى جاي»غا كېلىپ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، ئىنگلىز تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتتى.

جوۋ بىڭچيەن مەكتەپتە 1 - يىللىق ۋە 5 - يىللىقلارغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار ساددا، ئەقىللىق ئىكەن. «ھەر قېتىم بىر مەۋسۇم دەرس ئۆتۈپ بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى تىلغا ئالغاندا، ئوقۇغۇچىلار مېنى ئورىۋېلىپ، قۇچاقلىۋېلىپ، كەتمەڭ، دەپ تۇرۇۋالىدۇ».

مائارىپقا ياردەم بېرىپ قايتقان ھەربىر تۈركۈمدىكى خىزمەتداشلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىك بىلەن تەڭ بەھرىلىنىدۇ، يەنە بەزى خىزمەتداشلار بۇ يەرگە مائارىپقا ياردەم بېرىشكە ئىككى قېتىم كەلگەن. «ئىلگىرى نۇرغۇن باللار ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ يازالمايتتى، ھازىر تېخى سىزگە چاقچاق قىلالايدىغان بولدى» دېدى جوۋ بىڭچيەن.

تاجىك مىللىتى ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر، باللار دەرستىن كېيىن جوۋ بىڭچيەنگە تاجىك مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بۈركۈت ئۇسسۇلى ئوينىشىنى ئۆگەتتى. ئۇمۇ دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارغا خەينەننىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ - ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، «مەن سىلەرنى سەنيادا كۈتىمەن» دېدى.

12 ياشلىق نۇرمانگۈل خەيرۇللا جوۋ بىڭچيەننىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچى بولۇپ، ئەدەبىيات دەرسىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىكەن، پۇتۇڭخۇادا راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن. ئۇ چوڭ بولغاندا ئۇسسۇلچى ياكى دوختۇر بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. «كېيىن مېنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ، گۈگۈڭ سارىيىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باققۇم، دېڭىزنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ باققۇم بار».

ساياھەت ئىگىلىك تىكلىگۈچىلىرى:
تاغ ئىچىدە تەرەققىيات پۇرسىتىدىن تەڭ
بەھرىمەن بولدى

تاشقورغاندىكى داڭلىق مەنزىرە رايونى ئارال ئالتۇن سازلىقى يېنىدا «تەيياك بولو» ناملىق مىللىي ئۆرپ - ئادەت مۇزېيى ئاشخانىسى بار. ئاشخانا تاشلاندۇق ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، سىرتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كەتمەيدۇ، ئۆيىنىڭ ئىچى بولسا ئۆزگىچە بىر مەنزىرە بولۇپ، ھەممىلا يەردە تاجىك مىللىتىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارلىق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئاشخانىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان چا جۈەن ئەسلىدە ساياھەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئەمەس ئىدى. 2019 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئۇ تاشقورغانغا جىغان كەسپىنى تەكشۈرگىلى كەلگەندە، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسى ۋە مەدەنىيىتىگە رام بولۇپ، «بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالغان». ئارقىدىن ئۇ «يېرىم يولدا دەسلەپكى ئويىنى ئۆزگەرتىش»نى كەسكىن قارار قىلىپ، بۇ يەردە قېلىپ، شۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قاتناشتى.

تاشقورغاننىڭ ساياھەت بايلىقىنى ئېچىش يوشۇرۇن كۈچى ئۈستىدە توختالغاندا، چا جۈەن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىك تەرەققىياتى دەل سۈرئەتنى تېزلىتىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان جاي ئىكەن، مەدەنىيەت بايلىقىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش شۇ جاينىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىكەن. «قانچە قەدىمىي بولغان نەرسىلەر مەدەنىيەت سېھرىي كۈچىنى شۇنچە ھازىرلىغان بولىدۇ، قانچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسىلەر خەلقئارا تونۇشنى شۇنچە ھازىرلىغان بولىدۇ».

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن رايون ساياھىتى پامىر ئېگىزلىكىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. يېقىندا، چا جۈەن «كونا قىياپىتى بويىچە رېمونت قىلىش»نى ئاساس قىلغان ئوندىن ئارتۇق مېھمانسارايى — پۇقراۋى قونالغۇ تۈرىگە قاتنىشىۋاتىدۇ ھەم تىجارەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى شۇ جاينىڭ ساياھەت كەسپى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە قاراتتى.

28 ياشلىق تاجىك ئىگىلىك تىكلىگۈچى ياش دىلدار ياقۇپ بۇلتۇر چا جۈەننىڭ ئەترىتىگە قاتناشتى، «تەيياك بولو» مىللىي ئۆرپ - ئادەت مۇزېيى ئاشخانىسىنى يۈرۈشتۈرۈشكە مەسئۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چا جۈەنگە ئەگىشىپ باشقۇرۇشنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن، ئاشخانىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەنزىرىسى ۋە مەدەنىيەت پۇرىقى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

«ئۇلار بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ يەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى ئەڭ چۈشىنىدۇ، يەرلىك كىشىلەر قاتناشقاندىلا ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ‹شەكىل ۋە روھقا تەڭ ئىگە قىلغىلى› بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ شۇ جاينىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا تېخىمۇ پايدىلىق» دېدى چا جۈەن.

شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار:
ئېگىزلىكتە كۆرەش ئىزى قالدۇردى

2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئەنشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى ما رۇڭسەي تاشقورغان ناھىيەسىگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى شۇ جايدىكى كادىرلار بىلەن بىللە يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ كۈن دەل مەملىكەتلىك نامراتلارنى يۆلەش كۈنى ئىدى.

تاشقورغان ئىلگىرى دۆلەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ناھىيە ئىدى. بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە، ما رۇڭسەي ئۇدا 150 كۈن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپتى. ما رۇڭسەي كۆڭلىدە مۇنداق ئىرادىگە كەلدى: شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە چوقۇم «پولاتنىڭ ياخشىسى»نى دەل جايىغا ئىشلىتىش كېرەك.

ئۆتكەن ئىككى يىلدا، ئەنشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھى جەمئىي 30 مىليون يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىپ تاشقورغاننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى: ناھىيەدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش مەركىزى بار بولدى، دوختۇرخانىغا تۆت ئۆلچەملىك سەيچاۋ ئۈسكۈنىسى قوشۇلدى، تۇخۇم توخۇسى فېرمىسى ۋە قوتاز گۆشى پىششىقلاش زاۋۇتىمۇ پات ئارىدا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلىدۇ.

ئېگىزلىك شۆجۈسى قاتارلىق شۇ جاينىڭ يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە ئەگىشىپ تاغدىن چىقىرىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىن شەرقىي شىمالىغا يەتكۈزۈلدى. ئەنشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن يەنە بىر كادىرى جاڭ يۈنخۇي بۇلتۇر قىشتا سەھەر تۇرۇپ كەچ يېتىپ بەش كۈن جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، پامىر ئېگىزلىكىنىڭ قوتاز گۆشى ۋە قوي گۆشىنىڭ چاغاندىن بۇرۇن لياۋنىڭ ئەنشەنگە توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

2005 - يىلدىن بۇيان، ئەنشەن پولات - تۆمۈر گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 40قا يېقىن كادىرى بۇ يەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىپ، مەبلەغ سېلىش، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار ۋە باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى. 2019 - يىلى، بۇ ناھىيە نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«كەلگۈسىدە بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىدىغىنىمىز، ئەڭ قىممەتلىك بولغىنى دەل پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئاددىي - ساددا مىللىي ئۆرپ - ئادىتى؛ قالدۇرۇپ قويۇشنى ئەڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىمىز كۆرەش قىلغۇچىلارنىڭ روھى» دېدى ما رۇڭسەي.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئۈرۈمچى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قاتناش ساقچى تارماقلىرى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلدۇ: 2020 - يىللىق مەملىكەتلىك ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش بىرتۇتاش ئىمتىھانى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە ئېلىنىدۇ، ئۈرۈمچى ئىمتىھان رايونىدا 42 ئىمتىھان نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى تارماق ئەترىتى ئالدىنئالا ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ يول قاتناش تەرتىپىنى مەخسۇس تەرتىپكە سېلىش - تۈزەشنى قانات يايدۇردى ھەم ئىمتىھان مەزگىلىدە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدۇ.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 16دىن 18گىچە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانىنى ئالدىن كۆرۈش مەزگىلىدە، قاتناش ساقچى تارماقلىرى ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئىشىك ئالدى ھەم ئەتراپىتىكى يوللارنىڭ قاتناش تەرتىپىنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. قاتناش ساقچىلىرى مۇنداق ئەسكەرتتى: ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار چوقۇم بېرىپ ئىمتىھان مەيدانىنى جەزملەشتۈرۈپ، شۇ كۈنى ئىمتىھان نۇقتىسىغا مۇددەتتىن بۇرۇن، بىخەتەر يېتىپ بېرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىمتىھان مەزگىلىدە، قاتناش ساقچىلىرى ئالدىن ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى يول بۆلەكلىرىدە، تەۋەلىكتىكى نۇقتىلىق يول ئېغىزلىرىدا ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نەق مەيدان ئەھۋالىغا ئاساسەن نۇقتىلىق يول بۆلەكلىرىدە قاتناشنى كونترول قىلىشنى يولغا قويدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئاپتوموبىل توختىتىش ئورۇنلىرىنى مۇۋاپىق تەسىس قىلىپ، ئاپتوموبىل توختىتىشقا قوماندانلىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدۇ. ھەر كۈنى سائەت 11دىن 13كىچە ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئىمتىھان قەغىزىنى ئېلىپ كېتىش ۋە ئېلىپ كېلىش ۋاقتى بولۇپ، تارماق ئەترەت ئالاقىدار يول ئېغىزلىرىدا قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى توشۇيدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ نورمال يۈرۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇ.

ئىمتىھان مەزگىلىدە، ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى 100 مېتىر دائىرە ئىچىدە ئاپتوموبىل توختىتىش چەكلىنىدۇ (كىنىشكىسى بار سىمسىز ئېلېكتر سىگنالىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئاپتوموبىلى قاتناشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدا ئىمتىھان نۇقتىسى يېنىدىكى مۇۋاپىق ئورۇندا توختىسا بولىدۇ). ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ - ئەكىلىدىغان ئاپتوموبىللار تېز توختاپ تېز ماڭىدۇ، ئاپتوموبىللار توپلىشىۋېلىش، قىستىلىشىش كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

قاتناش ساقچىلىرى مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، سىرتقا چىقىشنى ئازايتىپ ياكى تاقاشتۇرماي يول يۈرۈپ، بولۇپمۇ ئەتىگەنلىك يۇقىرى پەللە مەزگىلىدە ئىمكانقەدەر ئاممىۋى قاتناش قورالىغا ئولتۇرۇپ يول يۈرۈپ، ئاپتوموبىل ھەيدەپ يول يۈرگەندە ئىمكانقەدەر ئىمتىھان نۇقتىسى ئىشىك ئالدىدىكى يولدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئاپتوموبىلنى قانۇنغا خىلاپ توختاتماي، شەھەر رايونىدا سىگنال بېرىشنى چەكلەش بەلگىلىمىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئاپتوموبىل شاۋقۇنىنى ئازايتىپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن تىنچ ئىمتىھان مۇھىتى يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

ئىمتىھان نۇقتىلىرىغا بارىدىغان يوللارنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قاتناش ساقچى تارماقلىرى چارلاش ئاپتوموبىلى، ساقچى موتوسىكلىتلىرىنى مۇۋاپىق يول بۆلەكلىرىدە ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىش مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئاپىرىپ - ئەكېلىدىغان ئاپتوموبىللارغا «يېشىل يول» ئېچىپ بېرىپ، «ئىمتىھان نۇقتىسىغا يەتكۈزۈش مېھىر - شەپقەت ئاپتوموبىلى» تەسىس قىلىپ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار (ئىمتىھان بېرىش كىنىشكىسى ئاساس قىلىنىدۇ) ئولتۇرغان ئاممىۋى ئاپتوبۇس، تاكسى، شەخسىي ئاپتوموبىل قاتارلىق ئاپتوموبىللارنىڭ ئالدىن يول يۈرۈشىگە ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلدۇ. ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار كىنىشكىسىنى ئالماسلىق، قاتناش توسۇلۇش، ئىمتىھان نۇقتىسىغا خاتا بېرىپ قېلىش قاتارلىق كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا يولۇقسا، يول بويىدىكى ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىدىن ياردەم سورىسا بولىدۇ، يول بويىدا ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىلىرىنى ئۇچرىتالمىسا، 4801773 - 0991كە تېلېفون ئۇرۇپ ياردەم سورىسا بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى، شەرقىي شىنجاڭدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا رايى داۋاملىشىدۇ

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشىنى ئەسكەرتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى خۇيبىيەننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسىدىن ئىگىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 9 - كۈنىگىچە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى نۇقتىلىرىدا ئاساسەن ھاۋا ئوچۇق ۋە بۇلۇتلۇق بولىدىغانلىقى، شىمالىي شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا يامغۇر ياغىدىغانلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى، شەرقىي شىنجاڭدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا رايى داۋاملىشىدىغانلىقى، قىسمەن رايونلاردا تېمپېراتۇرىنىڭ 40 سېلسىيە گرادۇستىن ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى كەڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەم ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىسسىق ئۆتۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپتاپتىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى، ھەرقايسى ئىمتىھان نۇقتىلىرىغا سۇ بىلەن تەمىنلەش، ئۇسسۇزلۇق قاندۇرۇش قاتارلىق ئالاقىدار مۇلازىمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنى تەۋسىيە قىلدى.

ئالدىن مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى كۈندۈزدىن 7 - كۈنى كېچىگىچە، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، ئۈرۈمچى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق قىسمەن رايونلاردا، بولۇپمۇ تاغلىق رايونلاردا ئازراق يامغۇر ياغىدىكەن، قىسمەن جايلاردا قىسقا ۋاقىتلىق كۈچلۈك ھۆل - يېغىن، گۈلدۈرماما - چاقماقلىق بوران، مۆلدۈر قاتارلىقلار ئاسان كۆرۈلىدىكەن، كەڭ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار سىرتقا چىققاندا يامغۇردىن ساقلىنىش جابدۇقلىرىنى ياخشى تەييارلىۋېلىشى كېرەك ئىكەن. 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كۈندۈزدىن كېچىگىچە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئاساسەن ھاۋا ئوچۇق ۋە بۇلۇتلۇق بولىدىكەن؛ 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كۈندۈزدىن كېچىگىچە، ئىلى ئوبلاستىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلار قاتارلىق جايلارنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ئازراق يامغۇر ياغىدىكەن.

ئاپتونوم رايونلۇق مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن ئىمتىھان نۇقتىلىرىدا بەش بال ئەتراپىدا قىيپاش شەرق شامىلى چىقىدۇ، قىسمەن ۋاقىتلاردا قۇم ئۇچۇش ياكى چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈش كۆرۈلىدۇ، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلار ھەم ئالاقىدار خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا - ئانىلارغا شۇ جايدىكى مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى ئېلان قىلغان ئەمەلىي ۋاقىتلىق مېتېئورولوگىيە ئۇچۇرلىرىنى ئاڭلاشقا دىققەت قىلىپ، ئىمتىھان بېرىشكە بېرىش ۋە يۇرتىغا قايتىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلەشنى ئەسكەرتىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

سۇغۇرتىغا قاتناشقان جايدىكى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى بېجىرىش ئاپپاراتلىرىغا بېرىپ تەمىناتنى ئىلتىماس قىلىپ ئالسا بولىدىكەن، يەنە ئەمگەك مۇناسىۋىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ياكى بىكار قىلىش ئىسپاتى قاتارلىق ماتېرىياللارنى چىقىرىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون توردا ئىلتىماس قىلىپ ئېلىشنى بېجىرىشنى تېزلىتىدىكەن، ئىشسىز خادىملار «شىنجاڭ ئاقىل ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت» يان تېلېفون APPسىنى چۈشۈرۈپ، ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى پۇلى، ئىشسىزلىق ياردەم پۇلىنى ئىلتىماس قىلىپ ئالسا بولىدىكەن.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ كاپالەت دائىرىسىنى شەھەر - يېزىلاردىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان بارلىق ئىشسىز خادىملارغىچە كېڭەيتىش كېرەك. سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ ھەق تاپشۇرغىنىغا بىر يىل توشقان، شەخسىي ئارزۇسى سەۋەبلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئۈزۈپ قويمىغان، ئىشسىزلىقنى تىزىملىتىشنى بېجىرگەن ھەم خىزمەت ئىزدەش تەلىپى بار ئىشسىز خادىملارغا ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى تارقىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، 2019 - يىلى 12 - ئايدىن باشلاپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىش مۇددىتى توشقان بولسىمۇ يەنىلا ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ھەمدە قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيە يېشىغا توشۇشقا بىر يىلمۇ ۋاقىت قالمىغان ئىشسىز خادىملارغا، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى شۇ شەخس قانۇندا بەلگىلەنگەن پېنسىيە يېشىغا توشقىچە داۋاملىق تارقاتسا بولىدۇ. ئىشسىز خادىملار ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئېلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا ھەققى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇلىدۇ، بەلگىلىمە بويىچە ئۇلارغا باھا ۋاقىتلىق ياردەم تولۇقلىمىسى، دەپنە ياردەم پۇلى ۋە نەپىقە پۇلى قاتارلىقلار تارقىتىلىدۇ.

ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى باسقۇچ خاراكتېرلىك تارقىتىلىدۇ. 2020 - يىلى 1 - ئايدىن 12 - ئايغىچە، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىش مۇددىتى توشقان بولسىمۇ يەنىلا ئىشقا ئورۇنلاشمىغان ئىشسىز خادىملار، ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلىنى ئېلىشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئىشسىز خادىملارغا، ئالتە ئايلىق ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ ھەق تاپشۇرغىنىغا بىر يىل توشقانلارغا 2020 - يىلى شۇ جاينىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئۆلچىمىنىڭ %80ى بويىچە ھېسابلاپ تارقىتىلىدۇ؛ سۇغۇرتىغا قاتنىشىپ ھەق تاپشۇرغىنىغا بىر يىل توشمىغانلارغا 2020 - يىلى شۇ جاينىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتا پۇلى ئۆلچىمىنىڭ %50ى بويىچە ھېسابلاپ تارقىتىلىدۇ. ئىشسىزلىق ياردەم پۇلى ئېلىۋاتقان مەزگىلدە، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتا پۇلى، دەپنە ياردەم پۇلى ۋە نەپىقە پۇلىنى ۋاكالىتەن تاپشۇرۇشتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ.

ئىشسىز دېھقان ئىشلەمچىلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش دائىرىسى باسقۇچ خاراكتېرلىك كېڭەيتىلدۇ. «ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى نىزامى»دا بەلگىلەنگەن سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇنلار قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، شەخس ھەق تاپشۇرمىغان شۇنداقلا ئۇدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل توشقان ئىشسىز دېھقان ئىشلەمچىلەرگە ۋاقتىدا بىر قېتىملىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدۇ. 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىن سۇغۇرتىغا قاتناشقىنىغا بىر يىل توشمىغان ئىشسىز دېھقان ئىشلەمچىلەرگە سۇغۇرتىغا قاتناشقان جاينىڭ 2020 - يىللىق شەھەر تۆۋەن كاپالەت ئۆلچىمىدىن پايدىلىنىپ، ئاي بويىچە ئۈچ ئايلىق ۋاقىتلىق تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىلىدۇ.